# «ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشىش»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ژېنبېكوۋ بىشكەكتە رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئالدى: «بۇ ئەسەر بىزنىڭ جۇڭگونىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، قىرغىزىستاننىڭ ئۆزىنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە».

بىر مەيدانى «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 ـ تومىنىڭ تاجىكچە نەشرىنى تۈنجى تارقىتىش مۇراسىمى ۋە جۇڭگو ـ تاجىكىستان دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ، زۆڭتۇڭ راخمان خەت ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى: «رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، خەلقئارا سەھنىدىكى تۆھپىسى ۋە شۆھرىتى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتتى».

بۇ قېتىمقى ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدە، مەيلى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى مەزگىلىدە بولسۇن، ياكى كۆپ تەرەپلىك يىغىن سورۇنلىرىدا بولسۇن، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى رەئىس شى جىنپىڭغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بولغان قايىللىقىنى بىلدۈردى.

—— ئىككى ئوردېن، دوستلۇققا گۇۋاھ بولۇش، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش.

قىرغىزلارنىڭ مىللىي قەھرىمانى ماناسنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «ماناس» ئوردېنى قىرغىزىستان دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى. زۆڭتۇڭ ژېنبېكوۋ «ماناس» 1 ـ دەرىجىلىك ئوردېنىنى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مەيدىسىگە تاقاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قىرغىزىستان ـ جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسىگە رەھمەت، بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ قىرغىزىستان ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن».

رەئىس شى جىنپىڭ جاۋابەن مۇنداق دېدى: «زۆڭتۇڭ ژېنبېكوۋنىڭ ماڭا ‹ماناس› 1 ـ دەرىجىلىك ئوردېنىنى بەرگەنلىكى قىرغىزىستان خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقىنى تولۇق نامايان قىلدى، مەن بۇنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن».

«تاج ئوردېنى» تاجىكىستان دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ئوردېنى. زۆڭتۇڭ راخمان رەئىس شى جىنپىڭغا ئوردېن تاقاپ قويغاندا، پۈتۈن مەيداندىكى مېھمانلار رىتىملىق ھالدا قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

زۆڭتۇڭ راخمان رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تاجىكىستان ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان پائال تۆھپىسىنى يۈكسەك تەرىپلىدى، رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشكە يېتەكلەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

—— ئىككى نۇسخا بايانات، دوستلۇقنى مۇستەھكەملەش، يېڭى سەھىپە يېزىش.

زىيارەت مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ زۆڭتۇڭ ژېنبېكوۋ، زۆڭتۇڭ راخمان بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جۇڭگو ـ قىرغىزىستان، جۇڭگو ـ تاجىكىستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قوشما باياناتنى ئىمزالىدى.

يېڭى ئۈلۈغۋار پىلان، يېڭى ئورۇنلاشتۇرما، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان، جۇڭگو ـ تاجىكىستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

## خەلقلەرگە بەخت يارىتىش ئۈچۈن، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش

ھەيۋەتلىك تيانشان تېغى تىزمىسى، ھەيۋەتلىك پامىر ئېگىزلىكى، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش، دوستلۇقى ئۇزاققا سوزۇلغان. قەدىمىي يىپەك يولى، جاراڭلىق تۆگە كولدۇرمىسى، لەرزان نەي ئاۋازى، پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈت جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بار ـ يوقنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشتەك چوڭقۇر تارىخقا گۇۋاھ بولدى.

زىيارەتتە بولۇش ئالدىدا، رەئىس شى جىنپىڭ شۇ جايدىكى ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان، جۇڭگو ـ تاجىكىستاننىڭ يىپەك يولى ھېكايىلىرىنى تەسىرلىك بايان قىلدى.

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئورتاق تارىخىي ئەسلىمىلەرنى تۇتاشتۇردى، ئورتاق تەرەققىيات ئارزۇسىنى تېخىمۇ مۇجەسسەملىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا ئىزچىل ئىزدىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە سانائەتلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، يېڭى ئۈمىدىنى كۆرسەتتى.

قىرغىزىستان «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئەڭ بۇرۇن قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى قىرغىزىستان تەرەپنىڭ «2018 ـ يىلدىن 2040 ـ يىلغىچە بولغان دۆلەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى»بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور.

زۆڭتۇڭ ژېنبېكوۋ ئۇدۇللا مۇنداق دېدى: «قىرغىزىستان جۇڭگو تەرەپ بىلەن ‹بىر بەلباغ، بىر يول›نى ئورتاق قۇرۇش رامكىسى ئىچىدە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان قولاي ئاپتوموبىلغا چىقىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ». ئۇ يەنە رەئىس شى جىنپىڭغا كونكرېت تەكلىپ بېرىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» تۈرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەسئۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

تاجىكىستان جۇڭگو بىلەن بىرىنچى بولۇپ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنى ئورتاق قۇرۇش چۈشىنىش ئەسلەتمىسى ئىمزالىغان دۆلەت، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى تاجىكىستاننىڭ «2030 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى دۆلەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى» بىلەن يۈكسەك ماس كېلىدۇ.

زۆڭتۇڭ راخمان مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان قوللىغانلىقى ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش رامكىسى ئىچىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئېنېرگىيە، نېفىت ـ خىمىيە، سۇ ئېلېكتىر، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەردىكى نۇقتىلىق تۈرلەر ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، تاجىكىستاننىڭ سانائەتلەشتۈرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

«بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش جۇڭگو ـ قىرغىزىستان، جۇڭگو ـ تاجىكىستان ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسىگە ئايلاندى.

داتكا —— كېمىن توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ئوش شەھەرلىك دوختۇرخانا، جۇڭگو —— قىرغىزىستان —— ئۆزبېكىستان تاشيولى، ياۋەن —— ۋاخدات تۆمۈريول كۆۋرۈكى تونېلى، دۇشەنبە تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى... ھەربىر بەلگە خاراكتېرلىك تۈر قىرغىزىستان —— تاجىكىستان ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىگە يېڭى پۇرسەت يارىتىپ بەردى، يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلدى.

«بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ئىنچىكە رەسىمى سىزىپ چىقىلدى، رەئىس شى جىنپىڭ لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا باشتىن ـ ئاخىر ئەھمىيەت بەردى.

زىيارەت مەزگىلىدە، بىر ئالاھىدە تۈر، بىر مەيدان ئالاھىدە مۇراسىم كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى.

بىشكەك ئالائارچا دۆلەت مېھمانسارىيى يىغىن مەركىزىنىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى ئىمزا قويۇش زالىدا، رەئىس شى جىنپىڭ زۆڭتۇڭ ژېنبېكوۋ بىلەن بىللە ئىقتىساد ـ سودا، سېلىنما، كارانتىن، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى كۆپ تۈرلۈك ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا گۇۋاھ بولدى.

«جۇڭگودا ‹سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما› دەيدىغان قەدىمكى سۆز بار، جۇڭگونىڭ قىرغىزىستانغا قىلغان قىممەتلىك ياردىمىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز.» مۇخبىرلار بىلەن ئورتاق كۆرۈشكەندە، زۆڭتۇڭ ژېنبېكوۋ قىرغىزىستاننىڭ ئىچىدىغان پاكىز سۇغا كاپالەتلىك قىلىش تۈرىنى تىلغا ئېلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى، قويۇق دوستلۇقىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى داۋاملىق قوللاپ، قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن بىللە ئىچىدىغان سۇ، يول، دوختۇرخانا قاتارلىق تېخىمۇ كۆپ خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىنى ياخشى يولغا قويىدۇ.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەچقۇرۇن، رەئىس شى جىنپىڭ ۋە زۆڭتۇڭ راخمان جۇڭگو تەرەپ تاجىكىستانغا ياردەم بېرىپ سېلىپ بېرىدىغان پارلامېنت بىناسى، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى بىناسى تۈرى مودېلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا ئورتاق قاتناشتى.

قۇم مودېلىنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان قىزىل تاۋار ئاستا ئېچىلىپ، ئىككى قۇرۇلۇش مودېلى كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. نەق مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بىشكەك باشلىقلار يىغىنى ۋە ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ دۇشەنبە باشلىقلار يىغىنى مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ نۇرغۇن چەت ئەل رەھبىرى بىلەن كۆرۈشتى، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم قارالما بولدى.

جۇڭگو —— رۇسىيە —— موڭغۇلىيە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ 5 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىدا، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا نۇقتىلىق سۆز تېمىسىغا ئايلاندى. زۆڭتۇڭ پۇتىن مۇنداق بىلدۈردى: رۇسىيە تەرەپ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ھەمدە موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ «يايلاق يولى» پىلانىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. زۆڭتۇڭ باتتۇلگا مۇنداق دېدى: موڭغۇلىيە تەرەپ «جۇڭگو —— رۇسىيە —— موڭغۇلىيە تەرەققىياتىدىكى ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك لىنىيە خەرىتىسى» ۋە جۇڭگو —— موڭغۇلىيە —— رۇسىيە ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشى رامكىسى ئىچىدە ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىشقا كۈچ چىقىرىدۇ.

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، توقايېۋ قازاقىستاننىڭ زۆڭتۇڭلۇقىغا سايلانغاندا، رەئىس شى جىنپىڭ بىرىنچى ۋاقىتتا تېلېگرامما ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى. ئىككى رەھبەر بىشكەكتە كۆرۈشكەندە، مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ «نۇرلۇق يول» يېڭى ئىقتىساد سىياسىتى بىلەن ئۇدۇللىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تېمىسىدا سۆزلەشتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى «رۇسىيە گېزىتى»نىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، زۆڭتۇڭ توقايېۋ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنىڭ قازاقىستان تەرەپ ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈرگەنىدى.

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ پاكىستان زۇڭلىسى ئىمران خان بىلەن بولغان كۆرۈشۈشى ئۆتكەن سەككىز ئاي ئىچىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىقى. زۇڭلى ئىمران خان پاكىستان تەرەپنىڭ پاكىستان —— جۇڭگو ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

2015 ـ يىلى بېلارۇسىيەدە زىيارەتتە بولغاندا، رەئىس شى جىنپىڭ زۆڭتۇڭ لۇكاشېنكونىڭ ھەمراھلىقىدا جۇڭگو —— بېلارۇسىيە سانائەت باغچىسىنى تەكشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى سانائەت باغچىسى قۇرۇلۇشى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. بۇ قېتىم لۇكاشېنكو يەنە بىر قېتىم مۇنداق بىلدۈردى: بېلارۇسىيە تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پائال قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە بېلارۇسىيە —— جۇڭگو سانائەت باغچىسىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىشنى خالايدۇ.

«‹بىر بەلباغ، بىر يول› تەشەببۇسى تۈركىيە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، تۈركىيە تەرەپ ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىشنى خالايدۇ» دېدى تۈركىيە زۆڭتۇڭى ئەردوغان رەئىس شى جىنپىڭغا.

ئالتە يىل ئىلگىرى، دەل ئوتتۇرا ئاسىيادا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، رەئىس شى جىنپىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئالتە يىلدىن بۇيان، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىغا ھەممەيلەن تويلاندى، دوستلار چەمبىرىكى بارغانسېرى كېڭەيدى. يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇپ، قەدىمىي يىپەك يولى كۈنسېرى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

## دۇنيانىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن: پۇرسەتنى ئورتاق كۆتۈۋېلىش، خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش

يېقىن قوشنىلار چىش بىلەن كالپۇكتەك بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك، ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە مىللەتلەر قانداق قىلغاندا قول تۇتۇشۇپ تىنچ، مۇقىم تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش يولىنى ئاچالايدۇ؟

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرى دەل بىر قېتىملىق قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چۈشىنىش ئۆتۈشىدىكى، رايون ھەمكارلىقىدىكى ئۈلگىلىك سەپەر.

جۇڭگو —— قىرغىزىستان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغاندا، رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: خەلقئارا جەمئىيەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، باراۋەر ھەمكارلىشىدىغان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈلگىسى تىكلەندى.

جۇڭگو —— تاجىكىستان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: خەلقئارا جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمىغان تۈزۈم، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك، ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدىكى دۆلەتلەرنىڭ دوستانە ھەمكارلىقىنىڭ ئۈلگىسى تىكلەندى.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى، ئىككى چوڭ تەشكىلاتنىڭ ئىككى چوڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئۇدا ئېچىلىشى ئوخشاشلا ئۈلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرقى دۇنيادا قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىلىك ئۈزلۈكسىز باش كۆتۈردى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى پىكىر ئېقىمى باش كۆتۈردى، «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى نەزەرىيەسى» ئەۋج ئېلىپ، تۈرلۈك زومىگەرلىك قىلمىشلىرى ھازىرقى خەلقئارا سىستېما ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت مىزانىغا ئېغىر زەربە بەردى... رايون ۋەزىيىتىدىكى ئېنىقسىز ئامىللار تېز كۆپەيدى. قانداق تاللاش، قانداق نەتىجە يارىتىش كېرەك؟

6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئالائارچا دۆلەت مېھمانسارىيى يىغىن مەركىزىنىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى سۆھبەت زالىدا، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر ۋە كۆزەتكۈچى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ۋە رايون تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇردى. رەئىس شى جىنپىڭ «قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ سەممىي يولغا قويۇپ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى ئورتاق يارىتايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى ——

«شاڭخەي روھى»دىن ئەقىل ـ پاراسەت قېزىپ، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشىپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى ئىتتىپاقلىشىش ـ ئۆزئارا ئىشىنىش، ئامانلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى ئورتاق زىممىگە ئېلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش، سىغدۇرۇشچان بولۇپ ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، قول تۇتۇشۇپ تېخىمۇ زىچ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سۆزى يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پائال ئىنكاسىغا ئېرىشتى.

يىغىندىن كېيىن، رەئىس شى جىنپىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باشقا ئەزا دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە «بىشكەك خىتابنامىسى» ھەمدە ئۈچ خىل كۈچ، خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى، زەھەر چەكلەش، يەرلىكلەر ھەمكارلىقى قاتارلىقلارغا ئائىت 13 ھەمكارلىق ھۆججىتىنى ئىمزالىدى. «ئۆزئارا ھۆرمەتلەيدىغان، ئادىل، ھەققانىي بولغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئورتاق ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈرۈش»، جۇڭگونىڭ بۇ تەشەببۇسى باشلىقلار يىغىنى خىتابنامىسىگە كىرگۈزۈلدى.

بىر كۈندىن كېيىن، دۇشەنبىدىكى ياشىلار كۆلى بويىدىكى نەۋرۇز سارىيىدا، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى ئېچىلدى.

نەۋرۇز سارىيىنىڭ مېھمان كۈتۈۋېلىش زالىدا، زۆڭتۇڭ راخمان ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرىنى كۈتۈۋالدى. ئۇزۇن قىزىل گىلەمنى بويلاپ، رەئىس شى جىنپىڭ زالغا كىردى. ئىككى رەھبەر قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، يانمۇيان مېڭىپ تاش رەسىم زالىغا كىردى. ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى كوللېكتىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى تەرەققىيات تارىخىدىكى يەنە بىر مۇھىم پەيت ساقلىنىلدى.

نەۋرۇز سارىيىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك زالىدا، رەڭگارەڭ گۈللەر بەس ـ بەستە ئېچىلغانىدى، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى چوڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر يەرگە جەم بولدى. رەئىس شى جىنپىڭ چەت ئەل رەھبەرلىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ سۆز قىلىپ، ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش، قول تۇتۇشۇپ ئاسىيانىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش توغرىسىدا بەش تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى:

—— ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئارزۇيىمىز؛

—— بىخەتەر، مۇقىم ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق نىشانىمىز؛

—— تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئارزۇيىمىز؛

—— ئوچۇق ـ سىغدۇرۇشچان ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئىنتىلىشىمىز؛

—— ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئېھتىياجىمىز.

بىر يىل ئىلگىرى، جۇڭگو چىڭداۋ. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 18 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، رەئىس شى جىنپىڭ تەرەققىيات قارىشى، خەۋپسىزلىك قارىشى، ھەمكارلىق قارىشى، مەدەنىيلىك قارىشى، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ، «شاڭخەي روھى»غا يېڭى بولغان دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇننى قوشتى. بىر يىلدىن بۇيان، ئەزا دۆلەتلەر «شاڭخەي روھى»نى يېتەكچى قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، پۈختىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

بەش يىل ئىلگىرى، جۇڭگو شاڭخەي. ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 4 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىدا، رەئىس شى جىنپىڭ ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل يېڭى خەۋپسىزلىك قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئاسىيانىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان خەۋپسىزلىك ۋە تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى دۇشەنبە باشلىقلار يىغىنىدا، ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل يېڭى خەۋپسىزلىك قارىشى باشلىقلار يىغىنى خىتابنامىسىگە كىرگۈزۈلدى.

چىڭداۋدىن بىشكەككىچە، شاڭخەيدىن دۇشەنبىگىچە، رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو تەشەببۇسى باشتىن ـ ئاخىر يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئىش قىلىش، سەممىي يولغا قويۇش ئىستىلى ھەرقايسى تەرەپلەرگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

ئىككى مەيدان باشلىقلار يىغىنى مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ قازاقىستان زۆڭتۇڭى توقايېۋ، ئىران زۆڭتۇڭى روھانىي، ھىندىستان زۇڭلىسى مودى، پاكىستان زۇڭلىسى ئىمران خان، ئافغانىستان زۆڭتۇڭى غەنى، بېلارۇسىيە زۆڭتۇڭى لۇكاشېنكو، قاتار ئەمىرى تامىم، تۈركىيە زۆڭتۇڭى ئەردوغان قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقى توغرىسىدا سۆزلىشىپ، رايون ۋە خەلقئارا قىزىق نۇقتا توغرىسىدا سۆزلىشىپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى قوغداش، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشنىڭ قەتئىي ساداسىنى ئورتاق ياڭراتتى.

ئافغانىستان زۆڭتۇڭى غەنى مۇنداق دېدى: جۇڭگو ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش مۇساپىسىنى قوللاشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، 21 ـ ئەسىردە يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئۈلگىسى. ئافغانىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئافغانىستاننىڭ تىنچ يارىشىش مۇساپىسى، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىدا جارى قىلدۇرغان ئاكتىپ رولىغا رەھمەت ئېيتىدۇ.

قاتار ئەمىرى تامىم مۇنداق بىلدۈردى: قاتار تەرەپ جۇڭگونىڭ خەلقئارادا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتەك ئادىل مەيدانىغا يۈكسەك باھا بېرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن كۆپ تەرەپلىك ئىشلاردىكى ماسلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇشنى خالايدۇ.

...

تاجىك مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى رۇداكى: «ئاقىللار ئاق كۆڭۈللۈك ۋە تىنچلىققا ئىنتىلىدۇ، نادانلار تالاش ـ تارتىشقا ۋە ئۇرۇشقا بېرىلىدۇ» دەپ يازغان.

خەلقئارا ۋەزىيەت كۈچلۈك داۋالغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىشتەك دەۋر ئېقىمىنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈلگىلىك سەپىرى مۇقەررەركى، خەلقئارا مۇناسىۋەت تارىخىدا رەڭدار ئىز قالدۇرىدۇ.

دۇنيا ئاخىر ئىلھامغا ئىگە بولىدۇ: ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشىدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**